# جەمىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق سەۋەبىدىن تۇغۇتنى كونترول قىلسا بولامدۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

## هل يجوز تنظيم النسل خوفاً على الأولاد من فساد المجتمع

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن
المفتي: الشيخ محمد بن صالح العثيمين
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسما بىنت ئابدۇلئەزىز
المترجم: أسماء بنت عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008



islamhouse.com

# جەمىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق سەۋەبىدىن تۇغۇتنى كۆنتىرول قىلسا بولامدۇ؟

7205-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

جەمئىيەت ناھايىتى قالايمىقان بولغاچقا، بالىلارنىڭ يېشىنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولسا بالىنى ياخشى تەربىيەلىيەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر بەش يىلدا بىر بالا ئېلىشنى پىلان قىلىپ تۇرۇپ تۇغۇتنى كونترول قىلسا بولامدۇ؟

جاۋاب:

مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر.

بىز بۇ سوئالنى شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىندىن سورىدۇق، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى

ئەگەر مۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تۇغۇت چەكلەش بولسا، بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ: « مېھرىبان ۋە تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇڭلار...»

ئەگەر سەۋەب ئايال كىشىدە بولسا- ئۇ ئايال ئارقا-ئارقىدىن ھامىلدار بولۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە- بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا يول قويۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەڭ ياخشىسى بۇنداق قىلمىغىنى ياخشى.

سوئال: ئۇنداقتا سىز ئاياللارنىڭ شارائىتىنى جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان بولۇش ئەھۋالىدىن بەكرەك مۇھىم دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە، چۈنكى ئۇ پەرزەنتىنىڭ ناچار ياكى ياخشى ئىنسان بولىشىنى بىلمەيدۇ، بەلكى ياخشى ئادەم بولۇپ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.